# بىر كىشى جۈمە كۈنىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا كېلىپ ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ: ئى پالانى ناماز ئوقۇدۇڭمۇ دېگەندە، ئۇ كىشى: ياق، دېدى. رەسۇلۇللاھ: تۇرۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقىغىن دېدى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى جۈمە كۈنىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا كېلىپ ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ: ئى پالانى ناماز ئوقۇدۇڭمۇ دېگەندە، ئۇ كىشى: ياق، دېدى. رەسۇلۇللاھ: تۇرۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقىغىن دېدى. يەنە بىر ئىبارىدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقىغىن دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

سۇلەيك ئەلغەتافانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسچىتتە خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇماستىن خۇتبە ئاڭلاش ئۈچۈن ئولتۇردى، ئۇ كىشى ياكى نامازنىڭ ھۆكمىنى بىلمىگەن ياكى خۇتبە ئاڭلاش ناماز ئوقۇشتىن ئەۋزەل دەپ قارىۋالغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە بولسىمۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگۈتىشتىن توختىماي ئۇنىڭغا: مېنىڭ يېنىمغا كېلىشتىن ئىلگىرى مەسچىتنىڭ بىرە يېرىدە ناماز ئوقۇغانمىدىڭ؟ دېگەندە ئۇ: ياق دېدى. رەسۇلۇللاھ: تۇرۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغىن، دېدى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا جامائەت ئالدىدا قىسقىغىنا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغىن، دېگەن. تەخىرسىز بۇ ۋاقىتتا دېيىشى ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا تەلىم بىرىش ئۈچۈندۇر. قانداقلا بىر كىشى ئىمام خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا مەسچىتكە كىرسە، ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. يەنە شۇنداقلا ھاجەت چۈشكەندە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشنى كېچىكتۈرمەسلىك ۋاجىب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش يەنە بىر ھەدىستە «ئەگەردە سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا مەسچىتكە كىرگەن بولسا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن» ئىمام نەۋەۋى مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە بۇ ھەدىس توغۇرلۇق مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىس «ئەگەردە سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا مەسچىتكە كىرگەن بولسا قىسقىغىنا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن» مۇشۇ ھەقتىكى ئوچۇق دەلىلنى قايسىبىر ئىبارىلەر بىلەن شەرھىلەش ۋە مەنالىرىنى باشقا تەرەپكە قارىتىش توغرا ئەمەس، يەنە بۇ ھەدىسنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىدىغان ئالىم يوق دەپ قارايمەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5205

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee